ئىستىقلال ئاۋازى

# ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئومۇمىي 14 ـ سان
سېنتەبىر 2021

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۈنجى باسقۇچىدۇر



# ئەردوغان ب د ت يىغىنىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تىلغا ئالدى

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV
Istiqlal TV
Istiqlal TV
Istiqlal TV




# ئەنگلىيەدە شەرقىي تۈركىستاندىكى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى باشلاندى

1 - سېنتەبىر ئەنگلىيەدىكى نىيۇكاسىل ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسىلىسى ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

> مۇھاكىمە يىغىنىغا داڭلىق ئاكادېمىكلار، قانۇنشۇناسلار، سىياسىيونلار ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى قاتناشقان بولۇپ، جەمئىي ئۈچ كۈن داۋاملىشىدىكەن. بۇ كۆپ ساندىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تۇنجى قېتىم شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشقا تەكلىپ قىلىنىشى بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خىتايىنى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى بويىچە جاۋابكارلىققا تارتىشقا ئۇرۇنۇشىدىكى ئەڭ يېڭى ھەرىكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، يىغىنغا قاتناشقۇچىلار خىتاي ئىجرا قىلىۋاتقان مەجبۇرىي ئەمگەك، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش ۋە دىنىي باستۇرۇش قاتارلىق ۋەھشىيلىكلەرنىڭ ئىسپاتىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قانداق قىلىپ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قىلىۋاتقان زىيانكەشلىك قىلمىشىنى توختىتىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىدىكەن.

مەزكۇر مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۇيۇشتۇرغۇچى، ئۇيغۇر مەسىلىسى مۇتەخەسسىسى جو سمىس فىنلې بۇ ھەقتە توختىلىپ: «بۇ ئىشنىڭ پەقەت ئىلمىي مەسىلە دەپلا قارالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەربىرىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە تەسىر كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ، خىتايغا قارىتىلغان بېسىمنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان بۇ خىل زىيانكەشلىك ھەرىكىتىنى توختىتالايدىغان مۇۋاپىق يول تېپىشىمىز كېرەك» دېگەن.

ئۇ سۆزىدە يەنە: «بۇ بىر زور ئىنسانىي ئاپەت، ئۇنىڭ تەخىرسىزلىكى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيمەكتە... بۇ بىر ئىرقىي قىرغىنچىلىقمۇ ياكى مەدەنىيەت



قىرغىنچىلىقمۇ ۋە ياكى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتمۇ؟ بىز بۇنى قانداق ئەرز قىلالايمىز؟ بىز بۇ ئاپەتنىڭ داۋاملىشىشىنى قانداق قىلىپ توسۇپ قېلىش ھەققىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىمىز» دېگەنلەرنى قەيت قىلغان.

مەلۇم بولۇشىچە، سىمىس فىنلي نىيۇكاسىل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىتاي ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى بولۇپ، خىتاي ئۇنى جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن. ئۇ 2007 - ۋە 2015 - يىللىرى شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئىككى كىتاب نەشر قىلدۇرغان.

يېقىنقى يەنە يىللاردىن بېرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، ئۇيغۇر ئاياللىرىنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە كۆپلىگەن دوكلاتلارنى ئېلان قىلغان گېرمانىيەلىك مەشھۇر تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنزمۇ تەكلىپ قىلىنغان. ئۇ يىغىندا خىتاينىڭ ئۇيغۇر نوپۇسىنى ئازايتىشتىكى مەجبۇرلاش تەدبىرلىرى ھەققىدە رەسمىي ئىسپات بىلەن تەمىنلەيدىكەن.

نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى خەلقئارادا كۈنتەرتىپكە كەلگەن بولۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، ئەنگلىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە ۋە كانادا پارلامېنتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇلاردىن سىرت، ئامېرىكا شەرقىي تۈركىستاننىڭ پاختا ۋە پەمىدۇر مەھسۇلاتلىرىنى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق، دەپ قاراپ ئىمپورت قىلىشنى چەكلىدى ھەمدە شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى سودىسىغا قاتناشقان شىركەتلەرگە جازا يۈرگۈزدى. ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ئەنگلىيەمۇ ئۇيغۇرلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا چېتىشلىق خىتاي ئەمەلدارلىرىغا جازا يۈرگۈزدى.






# خەلقئارالىق ئاخباراتچىلار يىغىلىشىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى تونۇشتۇرۇلدى

ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقا مۇخبىرلار بىرلەشمىسى (MENA- 2) سېنتەبىر ئىستانبۇلنىڭ گۈنەشلى رايونىدا خاتىرە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى (ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى) ۋەكىللىرىمۇ تەكلىپكە بىنائەن مۇراسىمغا ئىشتىراك قىلدى.

مەزكۇر يىغىلىشقا ت ر ت ئەرەبچە قاتارلىق ئونغا يېقىن تېلېۋىزىيە قانىلى ۋە يىگىرمىدىن ئارتۇق مېدىيا ئورگىنىدىن كەلگەن ئاخباراتچىلار، ئاكادېمىكلار ۋە مەسئۇللار قاتناشتى. تۈركىيە پرېزىدېنتى باش مەسلىھەتچىسى دوكتور ياسىن ئاكتايمۇ مۇراسىمغا ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، ئاخبارات ساھەسىنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى مۇھىم رولى ھەققىدە توختالدى.

يىغىن جەريانىدا شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى رەئىسى ئابدۇلۋارىس خوتەن ئەپەندى تەكلىپكە بىنائەن سۆز قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى خىزمەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش، جازا لاگېرلىرىغا قاماش، دىنىي باستۇرۇش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش جىنايەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى، شۇنداقلا ئىسلام دۇنياسىدىكى ئاخباراتچىلارنى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە كۆچ چىقىرىشقا چاقىردى. ئارقىدىن ت ر ت ئەرەبچە قانىلىنىڭ باش مۇدىرى مەتىن مۇتانئوغلى ئابدۇلۋارىس ئەپەندىگە خاتىرە بۇيۇمى تەقدىم قىلدى.

ئابدۇلۋارىس ئەپەندى يىغىلىشتا يەنە بىر قىسىم ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزئارا ھەمكارلىق ئورنىتىش، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئىسلام دۇنياسىغا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تونۇتۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇردى.

ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقا مۇخبىرلار بىرلەشمىسى قۇرۇلغىنىغا بىر نەچچە يىل بولغان خەلقئارالىق تەشكىلات بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، بولۇپمۇ ئىسلام دۇنياسىدا نەچچە يۈزلىگەن ئەزاسى بار. شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتىمۇ مەزكۇر بىرلەشمىنىڭ ئەزا تەشكىلاتلىرىدىن بىرى.



# لىتۋانىيە خىتايدىكى باش ئەلچىسىنى قايتۇرۇپ كەتتى

گېرمانىيە ئاۋازىنىڭ 3 - سېنتەبىردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، لىتۋانىيە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەسلىھەتلىشىش مەقسىتىدە، خىتايدىكى باش ئەلچىسىنى رەسمىي قايتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئېلان قىلغان.

تەيۋەن بۇ يىل 7 - ئايدا لىتۋانىيە پايتەختى ۋىلنيۇستا ۋاكالەتخانا قۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ خىتاي بىلەن رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى بار دۆلەتتە «تەيۋەن» نامى ئىشلىتىلىپ قۇرۇلغان تۇنجى ۋاكالەتخانا بولغان. ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەردە تەيۋەننىڭ دىپلوماتىك ئاپپاراتلىرى پەقەت رەسمىي بولمىغان «تەيبېي ئىشخانىسى» ياكى «تەيبېي ۋاكالەتخانىسى» نامىدا ئېچىلغان. خىتاي لىتۋانىيەگە بولغان نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، 10 - ئاۋغۇست لىتۋانىيەدىن خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنى قايتۇرۇپ كېتىشىنى تەلەپ قىلغانىدى، شۇنداقلا لىتۋانىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنى قايتۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغانىدى.

لىتۋانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنى قايتۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق بېيجىڭدىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ نورمال خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلغان. 21 - ئاۋغۇست لىتۋانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى يەنە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىلەن بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلغان. ئىككى تەرەپ ماسلاشتۇرۇش ھەرىكىتى توغرىسىدا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلغان بولۇپ، بالتىق دېڭىزى رايونىدىكى دۆلەتلەرنىڭ خىتاينىڭ بېسىمىغا قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بەرمەكچى بولغان.

نۆۋەتتە تەيۋەن خىتايغا نىسبەتەن ئەڭ سەزگۈر مەسىلىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. خىتاينىڭ ئاتالمىش «بىر خىتاي» پرىنسىپى دېموكراتىيەلەشكەن تەيۋەننى خىتاينىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدىغان بولۇپ، تەيۋەننىڭ ئاللىبۇرۇن مۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھەر قانداق سۆز-ھەرىكەت خىتاي دائىرىلىرىنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ كەلمەكتە.




تالىبان باياناتچىسى سۇھەيل شاھىن ياپونىيەنىڭ بىر تېلېۋىزىيە قانىلىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى سوئالغا دۇچ كەلگەن.

تالىبان باياناتچىسى سۇھەيل شاھىن 1 - سېنتەبىر ياپونىيە TBS تېلېۋىزىيە قانىلىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇ مۇخبىرنىڭ خىتاي ھەققىدىكى سوئالىغا: «خىتاي بىزنىڭ زور ئىقتىسادىي پۇرسەتكە ئىگە قوشنىمىز. بىز خىتاي بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالايمىز، بۇ ياخشى مۇناسىۋەت خىتايغىمۇ، بىزگىمۇ پايدىلىق. شۇنداقلا يەنە ياپونىيە ۋە باشقا بارلىق دۆلەتلەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالايمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن.

مۇخبىر سوئاللارنىڭ قاتارىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ باستۇرۇشقا ئۇچراۋاتقانلىقىنى، تالىباننىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن دىنىي قېرىنداش بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ مەسىلىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىغان. سۇھەيل شاھىن بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «بىزنىڭ سىياسىتىمىز ئېنىق، بىز ئافغانىستان زېمىنىدا ھېچكىمنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە قارشى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىنى خالىمايمىز» دېگەن.

ئۇ جاۋابىدا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭمۇ خىتاي پۇقراسى ئىكەنلىكىنى، خىتايدىكى بارلىق پۇقرالارنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇشى كېرەكلىكىنى، باراۋەر ھايات ۋە باراۋەر ھوقۇققا ئېرىشىشى كېرەكلىكىنى ئىلاۋە قىلغان.

ئۇ سۆزىدە يەنە: «بىز خىتاينى زىيارەت قىلغىنىمىزدا بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ بىخەتەرلىكى، پۇقرالارنىڭ باراۋەرلىكىگە ئەھمىيەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېگەن





# ئۆزىمىزگە بىر دىياگنوز قويۇپ باقايلى

جەمئىيىتىمىزدە، بولۇپمۇ چەت ئەلدە ھايات كەچۈرۈۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا - مەيلى توپلىشىپ ياشاۋاتقانلىرى بولسۇن، مەيلى ئايرىم-ئايرىم ياشاۋاتقان، لېكىن ئۆزىنى شەرقىي تۈركىستانلىقلار توپىنىڭ بىر پارچىسى ھېس قىلىپ كەلگەنلەر بولسۇن - تونۇشلۇق بولغان، بىراق كۆپىنچىمىز مەلۇم بىر ئاتالغۇغا باغلىيالمايۋاتقان بىر مۇشكۇلىمىز بار. ئۇ بولسىمۇ بىر-بىرىمىزنى دائىم خاتا چۈشىنىۋېلىش ۋە بۇ خاتا چۈشەنچىنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىمىزدىن ئەمەس، ھەمىشە قارشى تەرەپتىن كۆرۈش. ھەتتا ئۆزىدە سادىر بولغان خاتالىقنى كېيىنچە ئىچىدە ياكى ئاشكارا ئېتىراپ قىلغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا بۇ خاتالىقنىڭ سەۋەبىنى قارشى تەرەپكە دۆڭگەپ قويۇش. مەسىلەن: ئۇ شۇنداق قىلمىغان بولسا، مەن ئۇنداق دېمەيتتىم؛ ئۇ شۇنداق دېمىگەن بولسا، مەن بۇنداق دەپ گۇمان قىلىپ قالمايتتىم... دېگەندەك.

ئەمەلىيەتتە خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان ھېچكىم يوق. شۇنداقلا ھېچكىم ھەممە ئىشقا ئۇستا ئەمەس ياكى مۇكەممەل ئەمەس. ئۇستا بىر كىيىم تىككۈچىنىڭ باشقا بىر كەسىپتە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە بولماسلىقى، ئۇستا بىر دوختۇرنىڭ بىر پىرىكازچىكنىڭ قىلىدىغان ئىشىدىن ھېچقانداق خەۋىرى بولماسلىقى تولىمۇ نورمال. بۇ يەردە بۇ مەسىلىلارنى تىلغا ئېلىشىمىزدىكى سەۋەب بىزدىكى قارشى تەرەپنىڭ خاتالىقلىرىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋالىدىغان ياكى قارشى تەرەپ ھەققىدە خاتا چۈشەنچىدە بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئەسلى سەۋەبىگە دىققەت ئاغدۇرۇش ئۈچۈندۇر.

مەسىلىنى يەنە بىر قەدەم چوڭقۇرلاپ كۆزىتىدىغان بولساق، ئائىلە كېلىپ چىقىشى، ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىتى، ئالغان تەربىيەسى پەرقلىق بولغاچقا، ئوخشاش بىر كەسىپنى قىلغان ئادەمدىمۇ ئۆز كەسىپىنى باشلاش،



داۋاملاشتۇرۇش، ئۇستا، شاگىرت ۋە خېرىدارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى روشەن پەرقلەر بولىدىغانلىقى ئېنىق. ئەگەر ھەر بىرىمىز كىشىلىك مۇناسىۋىتىمىزدە ئەتراپىمىز، ياشىغان دۆلەت، شەھەر، ئارىلاشقان ئادەم، بىرگە ئىش قىلىۋاتقان دەۋا سەپداشلىرى، كارخانا ھەمكارلاشقۇچىلىرى، شېرىكلەر، چۆپقەتلەر، سىنىپداشلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە يۇقىرىدىكى ئوخشىماسلىقلارغا ئاساسەن كۆز يۈگۈرتۈپ چىققىنىمىزدا، نۇرغۇن خاتا چۈشەنچىلەرنىڭ، يامان گۇمانلارنىڭ، ئاغرىنىشلارنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىمىز. بۇمۇ ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن مەنتىقلىق چۈشىنىشنى قوبۇل قىلغان ئادەملەردە بولىدۇ.

پسىخولوگىيەلىك تېرمىنلار ئاساسىدا تەھلىل يۈرگۈزگىنىمىزدە، دائىم باشقىلارنى خاتا چۈشىنىدىغان، ئەيىبلەيدىغان، ھەتتا ئۆزىدە سادىر بولغان خاتالىقنىڭ سەۋەبىنى ھەر ۋاقىت قارشى تەرەپتىن كۆرىدىغان ئەھۋال كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى نورمالسىزلىقلارغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللاردىن «پارانويىد»ناملىق پسىخىكىلىق نورمالسىزلىقتىن كېلىپ چىقىدىغانلىقى، بۇ نورمالسىزلىقنىڭ بولسا كۆپىنچە ئىرسىيەتتىن كېلىپ چىقىدىغان بىنورماللىق، بىيولوگىيەلىك بىنورماللىق، ئىجتىمائىي مۇھىت سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن بىنورماللىق، نېرۋا سىستېمىسىدىكى بەزى كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىنورماللىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. بۇ خىل نورمالسىزلىقلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئىپادىلىنىدىغان ئالامەتلىرى بولسا:

باشقىلارغا قارىتا ھەر زامان شۈبھىلىنىش؛ باشقىلار خۇددى ئۆزىنى ئالدايدىغاندەك، زىيان ئۇرىدىغاندەك ئەندىشىدە بولۇش؛ باشقىلار مېنىڭ ساداقىتىمدىن، ئىشەنچلىكلىكىمدىن شۈبھىلىنىدۇ، دەيدىغان چۈشەنچىدە بولۇش؛ باشقىلار مەندىن پايدىلىنىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىش؛ ئادەتتىكى چۈشەندۈرۈشلەرنى، شۇنداقلا ھېچقانداق تەھدىت پۇرىقى بولمىغان سۆزلەرنى ماڭا ھاقارەت ۋە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، دەپ چۈشىنىپ قېلىش؛ يۈز بەرگەن ياكى خاپا بولغان بىرەر ئىش ياكى ۋەقەلەرگە دەرھال دۈشمەنلەرچە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش؛ ئاداۋەت تۇتۇش؛ ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكى ۋە ئەتراپىدىكى يېقىنلىرىغا ماڭا ساداقەتسىزلىك قىلىۋاتىدۇ، دەيدىغان چۈشەنچىدە بولۇش... قاتارلىق ئىكەن.

يۇقىرىقى ئىلمىي بايانلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا ۋە بۈنى ئۆزىمىزگە تەدبىقلىغىنىمىزدا، ئەسلىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدە ئومۇملىشىپ قالغان ھەردائىم قارشى تەرەپنى خاتا چۈشىنىش، ھەتتا خاتالىقنىڭ سەۋەبىنى قارشى تەرەپكە دۆڭگەپ قويۇش قاتارلىق مەيلى دەۋا ئىشلىرىمىزدا، مەيلى كۈندىلىك ئۆزىمىزگە خاس بولغان ھاياتىمىزدا دۇچ كېلىۋاتقان ئاۋارىچىلىقلىرىمىزنىڭ ئەسلى سەۋەبىنى قەيەردىن ئىزدەشنى ۋە بۇنى ئوڭشاشنىڭ يولىنى بىلىشكە يۈزلىنىمىز، دەپ ئويلايمەن. چۈنكى بىزنىڭ مۇھاجىرەت ھاياتىمىزدا دۇچ كېلىۋاتقان ئاۋارىچىلىكىمىز ناھايىتى كۆپ.

كىلىشمەسلىكلەر ھەرگىزمۇ نوقۇل ھالدا ۋەتەنسىزلىك، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، سىياسىي ئاڭ-چۈشەنچە سەۋىيەسىدىكى يۇقىرى-تۆۋەنلىك، دەۋادىكى تەجرىبىسىزلىك، ئىقتىدارسىزلىق، ئۆز بېشىمچىلىق، كەسپىي جەھەتتىكى چولتىلىق... قاتارلىق سەۋەبلەرلا بولماستىن، بەلكى يەنە كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى بىر-بىرىمىزگە بولغان چۈشەنچە ۋە تونۇشتا ساقلانغان مەسىلىلەر سەۋەبىدىندۇر.

بىز قاچان خاتالىقنىڭ سەۋەبىنى باشقىلاردىن ئىزدەشنى تاشلاپ، ئۆز مەنۋىيىتىمىز، ئىچكى دۇنيايىمىز، شۇنداقلا روھىي جەھەتتىن ساغلام ياكى ساغلام ئەمەسلىكىمىز ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزسەك، نۇرغۇن مەسىلىلەر ئاسان ھەل بولغۇسى.

ئاخىرىدا شۇنىمۇ قوشۇپ قويماقچىمەن. بىز ئىنسانلار بەدىنىمىزنىڭ تۈرلۈك كېسەللىكلىرىنى ئېتىراپ قىلغىنىمىزدەك، ئۇ كېسەللەرنى داۋالاش ئۈچۈن دوختۇر ئىزدەشنى تەبىئىي قوبۇل قىلغىنىمىزدەك، مەنىۋى جەھەتتىن كېسەل بولىدىغانلىقىمىزنى، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ۋە داۋالاش كېرەكلىكىنى نورمال قوبۇل قىلىشىمىز ئۆز ھاياتىمىزغا قىلغان ئەڭ چوڭ ياخشىلىقتۇر.

*مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر*

*2021 - يىلى 7 - سېنتەبىر، ئىستانبۇل*




# كانادادا ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

كانادادا ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى 26 - سېنتەبىر كانادانىڭ تورونتو شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلار جەم بولۇپ، ئۇزۇندىن بېرى كۈتۈۋاتقان ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمدا شەرقىي تۈركىستان دۆلەت شېئىرى ئوقۇلۇپ، مەسچىت قورۇسىدا شەرقىي تۈركىستان بايرىقى چىقىرىلغان بولۇپ، كىچىك قارىيلار قۇرئان كەرىم تىلاۋەت قىلغاندىن سىرت، يەنە ئۇيغۇر باللار شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغان. مۇراسىمدا مەسچىتكە «ئۇيغۇر ئىسلام ۋە مەدەنىيەت مەركىزى» دەپ نام بېرىلگەن. كانادادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار، پائالىيەتچىلەر، تەشكىلات ۋەكىللىرىدىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى قاتارلىقلار ئېچىلىش مۇراسىمغا ئىشتىراك قىلغان. شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ كانادادىكى ۋەكىلى، مەزكۇر مەسچىتنىڭ ئىمامى ئىبراھىم داموللام بۇ ھەقتە زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ بىلدۈرۈشىچە، كانادادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر يەرگە جەم بولىدىغان مەسچىتنىڭ بولماسلىقىدىن ئىبارەت مۇھىم مەسىلىنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە، 2018 - يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 17 - كۈنى بەش كىشىلىك بىر ھەيئەت تەشكىللەنگەن. ئارقىدىن ھەيئەتتىكى ئابدۇسالام ئەپەندى، شەۋكەت ئىمام ئەپەندىلەرنىڭ كېڭەيتىشى بىلەن 18 كىشىلىك يېڭى بىر ھەيئەت قۇرۇلغان. ھەيئەتنىڭ كانادادىكى، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارغا چاقىرىق قىلىشى نەتىجىسىدە، مەسچىت سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلىنىدىغان 610 مىڭ كانادا دوللىرى (4 مىليون 300 مىڭ لىرا) ئاخىرى ھەل بولغان. ئىبراھىم داموللام بۇ جەرياندا باشتىن-ئاخىرى ھارماي-تالماي خىزمەت قىلغان پۈتۈن سەپداشلىرىغا، كانادادىكى بارلىق ئۇيغۇرلارغا، شۇنداقلا ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەمدە بولغان شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇر كانادا جەمئىيىتى،



خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئاۋسترالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى، شۇنداقلا ئىسمى تىلغا ئېلىنماي قالغان بارلىق تەشكىلات ۋە شەخسلەرگە ئالاھىدە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى، ئۇلارغا ئالللاھتىن كاتتا ئەجىر تىلەيدىغانلىقىنى، مەزكۇر مەسچىتنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۆرلۈكى ۋە مۇستەقىللىقىغا ۋەسىلە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ سۆزىدە يەنە بۇ مەسچىتنىڭ ھېچقانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ مۈلكى ئەمەسلىكىنى، مۇھاجىرەتتىكى، خۇسۇسەن كانادادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق مۈلكى ئىكەنلىكىنى، شۇ غايە-مەقسەت تۈرتكىسىدە سېتىۋېلىنغانلىقىنى تەكىتلىدى. مەلۇم بولۇشىچە، «كارمېل تېغى» (Mount Carmel) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن، ئۇيغۇر مەسچىتىگە ئۆزگەرتىلگەن مەزكۇر چېركاۋ 1873 - يىلى سېلىنغان بولۇپ، 148 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەن. چېركاۋنىڭ سابىق پوپى بۇ ھەقتە توختىلىپ، چېركاۋنىڭ سېتىۋېتىلگەندىن كېيىنمۇ (باشقا دىنىنىڭ بولسىمۇ) يەنىلا بىر ئىبادەت ئورنى قىلىپ ئىشلىتىلگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن. مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇر مەسچىتى بۇ يىل رامىزان ئېيىدىن بۇرۇن ئىبادەت ۋە پائالىيەتكە ئېچىۋېتىلىدىكەن.

> مەسچىت كانادادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىبادەت ۋە پائالىيەت مەركىزى قىلىنغاندىن سىرت، يەنە ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە قۇرئان كەرىم ئۆگىتىش، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادىتى جەھەتتىن تەربىيەلەش ئورنى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىكەن. ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈشى بىلەن، «كانادادىكى بىر چېركاۋنىڭ ئۇيغۇر مەسچىتىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكى»دىن ئىبارەت بۇ خەۋەر ئەلجەزىرە، ت ر ت ئاۋاز، ئانادولۇ ئاگېنتلىقى، تۈركىيەنىڭ دىيانەت (دىنىي ئىشلار نازارىتى) قاتارلىق نوپۇزلۇق ئاخبارات ئورگانلىرى تەرىپىدىن ئالاھىدە خەۋەر قىلىندى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئارقىلىق ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەشتى، شۇنداقلا مەزكۇر مەسچىتنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئېتىقادىغا، مىللىي مەدەنىيىتىگە بولغان سۆيگۈسىنى، پىداكارلىقىنى، شۇنداقلا تارىختىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن جامائەتچىلىك روھىنى نامايان قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.






ئامېرىكا تاراتقۇ ئورگىنى «تۆپىلىك» (The Hill) تورىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، بىر قىسىم ئىنسان هەقلىرى تەشكىلاتلىرى NBC قانىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارالىق قاناللارنى 2022 - يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى تارقىتىش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا چاقىرغان.

ئۇلار NBC قانىلىنىڭ باش ئەمەلدارى قاتارلىقلارغا يازغان بىرلەشمە خېتىدە، مەزكۇر تاراتقۇلارنىڭ خىتايدا بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان ئىنسان هەقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە شېرىك بولۇش خەۋپى بارلىقىنى، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنى تارقىتىشنىڭ خىتايدىكى باستۇرۇش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى قانۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن، شۇنداقلا: «قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىرقىي قىرغىنچىلىق هالقىپ ئۆتۈشكە بولمايدىغان قىزىل سىزىق بولۇشى كېرەك» دەپ تەكىتلەشكەن.

NBC هازىرچە بۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرمىغان. مەلۇم بولۇشىچە،NBC قانىلى 2014 - يىلى يەتتە مىليارد 750 مىليون دوللار سەرپ قىلىپ، 2032 - يىلىغىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان بارلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىنىڭ تارقىتىش هوقۇقىنى سېتىۋالغان.

بىر قىسىم ئىنسان هەقلىرى پائالىيەتچىلىرى: «خىتاي ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان، تىبەتلەرنى كەڭ كۆلەملىك باستۇرۇۋاتقان بىر مەزگىلدە، تاراتقۇلارنىڭ خىتاي رەھبەرلىرىگە ياردەملىشىپ، بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ گۈزەل ئوبرازىنى تىكلىمەكچى بولۇشى ئەقىلگە سىغمايدۇ» دېيىشكەن.





# خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتىگە ئالاقىدار بۇيۇملارنى مەدەنىيەت يادىكارلىقى قاتارىغا كىرگۈزدى

خىتاي دائىرىلىرى ئالدىنقى كۈنلەردە شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشقا ئالاقىدار بىر قىسىم تارىخىي بۇيۇملارنى قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى قاتارىغا كىرگۈزگەن بولۇپ، قانخورلۇقى بىلەن تونۇلغان ۋاڭ جېننىڭ ئولتۇرغان جىپ ماشىنىسىمۇ 1 - دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى قىلىپ بېكىتىلگەن.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى مۇزېيى ۋە ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى باشقارمىسى 22 - سېنتەبىر 2 - تۈركۈمدىكى ئاتالمىش «ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» تىزىملىكىنى ئېلان قىلغان. مەزكۇر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى 31 ئورۇندىكى يۆتكىگىلى بولمايدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ۋە 253 پارچە (يۈرۈش) يۆتكىگىلى بولىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

خەۋەردە بىلدۈرۈلۈشىچە، يۆتكىگىلى بولمايدىغان ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىدا ئاتالمىش «شىنجاڭ خەلق تىياتىرخانىسى»، «شىنجاڭ ئۆلكە بانكىسىنىڭ ئەسلى ئورنى»، «1-قىزلار ئۆلگە كۆرسىتىش مەكتىپىنىڭ ئەسلى ئورنى» قاتارلىقلار ئىكەن. يۆتكىگىلى بولىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە خىتاي ئىشغالىيەتچى ئارمىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىدە ۋە كېيىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قىرغىن قىلىشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن، قانخورلۇقى، ۋەھشىيلىكى بىلەن تونۇلغان ۋاڭ جېننىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كىرگەندە ئولتۇرغان جىپ ماشىنىسى، ئاتالمىش «شىنجاڭ خەلق ھۆكۈمىتى»نىڭ ئېلانى، جاڭ كەينىڭ گېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى قاتارلىقلار بار ئىكەن.

خىتاي رېجىمى تارىختىن بېرى، بولۇپمۇ يېقىنقى نەچچە يىلدىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندىكى نەچچە ئەسىرلىك تارىخقا ئىگە مەسچىت، مەدرىسلەرنى، مەھەللىلەرنى، تارىخىي ئىزنالارنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىش بىلەن بىرگە، خىتاينىڭ ئىشغالىيەت تارىخىغا ئالاقىدار بۇيۇملارنى ئالاھىدە قوغداپ، كۆپلەپ تەشۋىق قىلماقتا.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاي رېجىمىنىڭ بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ شانلىق تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋاڭ جېنغا ئوخشاش تارىخىي جىنايەتچىلىرىنى ئالاھىدە خاتىرىلەش ئارقىلىق، 70 نەچچە يىلدىن بېرى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان تېررور سىياسىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ھەرىكىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە يېقىنقى مەزگىللەردە كۈچەيتىۋاتقان قىزىل تەشۋىقاتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ 2 - قېتىملىق ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى 10 -سېنتەبىر ئەتىگەن سائەت توققۇزدا ئەنگلىيەنىڭ لوندون شەھىرىدە باشلاندى.

ھەرقايسى دۆلەتلەردىن سوتقا قاتناشماقچى بولغان گۇۋاھچىلار 9 - سېنتەبىر لوندونغا جەم بولغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ھەققىدىكى بۇ قېتىملىق گۇۋاھلىق بېرىش ۋە ئىسپات ئاڭلاش سوتىغا شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەت شاھىتلىرىدىن باشقا، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىۋاتقان مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئادۋوكاتلارمۇ قاتناشتى.

يىغىندا ئالدى بىلەن باش سوتچى جېفرى نايس ئەپەندى ئېچىلىش سۆزى قىلىپ، «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى»نىڭ ئەھمىيىتى، ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. ئۇ سۆزىدە يەنە ئۇيغۇر خەلقى ئۇچرىغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنقى ئەسىردە يەھۇدىيلارغا ئېجرا قىلىنغان ئىرقىي يوقىتىش قىلمىشىغا ئوخشايدىغانلىقىنى، «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى»نى تەشكىللەشنىڭ مەقسەتلىرىدىن بىرى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

سوتتا تۇنجى بولۇپ ئاۋستىرالىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئايال تور ئارقىلىق قاتنىشىپ، جازا لاگېرىغا قامىلىپ، ئاردا بىر قېتىم قويۇپ بېرىلىپ، قايتا تۇتۇپ كېتىلگەن، جازا لاگېرىدا قىيىن-قىستاققا ئۇچرىغان يولدىشى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەردى ۋە سوت كوللېگىيەسىنىڭ يولدىشى ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

ئىككىنچى قەدەمدە ياپونىيەدە ياشاۋاتقان يەنە بىر ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ خىتايغا ئىشلەشكە مەجبۇرلانغانلىقى ھەققىدىكى تەپسىلاتلار ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن، قارا قولىنى چەت ئەللەرگىچە سوزۇۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى.

مەلۇم بولۇشىچە، بۇ قېتىم ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىغا قازاقىستاندىنمۇ بىر قىسىم شاھىتلار قاتناشقان بولۇپ، ئۇلار خىتاي ۋە قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قوش بېسىمىغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇملارنى خەلقئاراغا ئاشكارىلاشقا بەل باغلىغان.

ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ 2 - قېتىملىق ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى بۈگۈندىن تارتىپ 13 - سېنتەبىرگىچە تۆت داۋاملىشىدۇ.




ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى 10 - سېنتەبىر لوندوندا رەسمىي باشلانغاندىن كېيىن، خىتاي دائىرىلىرى بۇنىڭغا قارشى مەخسۇس ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

9 - سېنتەبىر بېيجىڭدا 54 - قېتىملىق ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى» ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، نۆۋەتتىكى ھالدا لوندوندا تۆت كۈن داۋاملىشىدىغان ئۇيغۇر سوتىنى ئەيىبلىگەن.

يىغىندا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت»نىڭ ئاخبارات باياناتچىسى شۈ گۈيشياڭ سۆز قىلىپ: «مەزكۇر سوتنىڭ خەلقئارا قانۇن جەھەتتىن ھېچقانداق ئاساسى ۋە ئۈنۈمى يوق، بۇنداق بىر سوتنى تەشكىللەش ھوقۇقىمۇ يوق» دەپ جار سالغان.

ئۇ سۆزىدە يەنە ئۇيغۇر سوتىغا قارا چاپلاپ: «مەزكۇر سوت خىتايغا قارشى مۇتەخەسسىس ۋە ئادۋوكاتلارنى، ئارتىسلارنى يىغىپ ئەكېلىپ، خىتايغا قارا سۈركەشنى مەقسەت قىلغان... بۇ ئامېرىكا ۋە غەرب دۆلەتلىرىدىكى خىتايغا قارشى كۈچلەرنىڭ سىياسىي پىچىكىسى» دەپ بىلجىرلىغان.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى باياناتچىسى جاۋ لىجيەن 9 - سېنتەبىردىكى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا مۇخبىرنىڭ بۇ ھەقتىكى سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىساد مەنبەسىنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىكەنلىكى، گۇۋاھلىق بەرگۈچى دولقۇن ئەيسانىڭ تېرروررچى ئىكەنلىكى ھەققىدە جار سالغان، شۇنداقلا سوت كوللېگىيەسىنىڭ رەئىسى جېفرى نايس ۋە تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنز قاتارلىقلارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ھاقارەتلىگەن.

بۇ خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇر سوتىغا تۇنجى قېتىم ھۇجۇم قىلىشى ئەمەس بولۇپ، بۇ يىل ئىيۇن ئېيىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈشتىن بۇرۇنمۇ خىتاي مەخسۇس ئاخبارات يىغىنى چاقىرىپ، ئوخشاش تەرىقىدە ھۇجۇم قىلغان ۋە جىنايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانىدى.



# خىتاي تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىلمىي ماقالىسى ئۇيغۇرلار سەۋەبلىك ئۆچۈرۈلدى

يېقىندا خىتاي تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ DNA ئەۋرىشكىسىنى ئىشلىتىش ئاساسىدا ئېلان قىلغان ئىككى تەتقىقات ماقالىسى داڭلىق ئىككى ئىلمىي ژۇرنال تەرىپىدىن ئۆچۈرۈلگەن.

نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، خىتاي تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىككى ماقالىسى 2019 -يىلى «خەلقئارالىق قانۇنىي مېدىتسىنا ژۇرنىلى» بىلەن «ئىنسان ئىرسىيىتى ژۇرنىلى»دا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، «ئىنسان ئىرسىيىتى ژۇرنىلى» 30 -ئاۋغۇست، «خەلقئارالىق قانۇنىي مېدىتسىنا ژۇرنىلى» 7 -سېنتەبىر خىتاي تەتقىقاتچىلارنىڭ ئالاقىدار ئىلمىي ماقالىسىنى ئۆچۈرۈۋەتكەنلىكى ھەققىدە باياناتى ئېلان قىلغان. بۇ ئىككى تەتقىقات ماقالىسىنىڭ ئاپتورلىرى كۆپ بولۇپ، خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ باش قانۇن دوختۇرى لى سەيشىيا قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

ئامېرىكا 2020 -يىلى 5 - ئايدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە چېتىشلىق، دېگەن سەۋەب بىلەن خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ قانۇن دوختۇرلۇق تەتقىقات مەركىزىنى جازالاش تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن ۋە بۇ ئورۇنغا ئامېرىكىنىڭ تېخنىكىسىنى سېتىپ بېرىشنى چەكلىگەن.

نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى 2019 -يىلى مەزكۇر ئىككى ئىلمىي ماقالە ھەققىدە خەۋەر ئېلان قىلغان بولۇپ، خىتاي تەتقىقاتچىلىرىنىڭ نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇرنىڭ DNA ئەۋرىشكىسىنى ئانالىز قىلغانلىقى ۋە DNA ئەۋرىشكىسى ئارقىلىق بىر ئادەمنىڭ چىرايى، بوي ئېگىزلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جىسمانىي ئالاھىدىلىكلىرىنى قايتا ھاسىل قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەنىدى.

تەتقىقات ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئىلمىي جەمئىيەت ئۇيغۇرلارنىڭ تەتقىقات ئۈچۈن قان ئەۋرىشكىسىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تەمىنلىگەن-تەمىنلىمىگەنلىكى، بولۇپمۇ خىتاي ساقچىلىرىنىڭ ئەۋرىشكە ئېلىش خىزمىتىگە قاتناشقان-قاتناشمىغانلىقى گۇمان قوزغىغان.

مەلۇم بولۇشىچە، بېلگىيە لېۋېن كاتولىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى يېۋېس موراۋ ئىلگىرى خىتاينىڭ گېنغا مۇناسىۋەتلىك 529 تەتقىقات ماقالىسىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، 2011 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېلان قىلىنغان تەتقىقات ماقالە ئاپتورلىرىنىڭ يېرىمىنىڭ خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىكى، ھەربىي ياكى ئەدلىيە ئورگانلىرىدىكى ئەمەلدارلار ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

ژۇرنال تەھرىراتىنىڭ باياناتىدا مەزكۇر ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ ئاپتورلىرى تەمىنلىگەن تەتقىقات دائىرىسىگە ئالاقىدار ئۇچۇرلارنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكى، تەھرىرلىك نىزاملىرى ۋە ۋە خەلقئارا ئەخلاقىي پرىنسىپلارغا ماس كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىنى بېكىتىشنىڭ قىيىنغا توختايدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

# ئىستانبۇلدا 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان ياشلار ئۇچرىشىشى ئۆتكۈزۈلدى



12 - سېنتەبىر شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتىنىڭ ساھىبخانىلىقىدا 2 - نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان ياشلار ئۇچرىشىشى ئىستانبۇلنىڭ ئەمىنئۆنۈدە ئۆتكۈزۈلدى.

ئۇچرىشىشقا تۈركىيەدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇۋاتقان ئوغۇل-قىز ئوقۇغۇچىلار، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى سېپىدە ئاكتىپ خىزمەت قىلىۋاتقان ئاۋانگارتلاردىن ئىلمىيار ياشلار گۇرۇپپىسى، شەرقىي تۈركىستان ياشلار جەمئىيىتى، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى، ئۇيغۇر سىتەم گۇرۇپپىسى، رىشتە قىزلار گۇرۇپپىسى، زەھرا دەۋەت گۇرۇپپىسى قاتارلىقلاردىن بولۇپ 200 گە يېقىن ئاۋانگارت ياش ئىشتىراك قىلدى.

ئۇچرىشىشتا ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتى رەئىسى ئابدۇسالام تەكلىماكان ئېچىلىش سۆزى قىلدى. ئارقىدىن ھەرقايسى ياشلار گۇرۇپپىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئۆزئارا تونۇشتۇرۇش ۋە تونۇشۇش سۆزى قىلدى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئەمىن ئۇيغۇر «ھازىرقى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىدىن كۈتۈۋاتقانلىرى» تېمىسىدا، يېڭى نەسىل ھەرىكىتى ئەزالىرىدىن ئابدۇلھەكىم ئايدىن «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا سەمىمىيەت ۋە ئىخلاس» تېمىسىدا، مۇھەممەتئەلى ئاتا يۇرت «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا تەشۋىقاتنىڭ ئەھمىيىتى» تېمىسىدا، مەريەم ئۆتكۈر «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا قىزلارنىڭ رولى» تېمىسىدا سۆز قىلدى.

ئاخىردا ئۆز ساھەسىدە يېتىشكەن ياشلار سوئال-جاۋاب تەرىقىسىدە ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇردى.



# خىتاي ئۇيغۇر مەھەللىرىنى ۋەيران قىلىش جىنايىتىنى تۈرلۈك ناملار بىلەن پەردازلىماقتا



خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇزۇن تارىخقا، قويۇق مىللىي خاسلىققا ئىگە ئۇيغۇر مەھەللىرىنى چېقىپ يوقىتىش جىنايىتىنى «خەلقنىڭ رايى»، «شەھەرنى گۈزەللەشتۈرۈش» دېگەندەك ناملار بىلەن پەردازلاشقا ئۇرۇنماقتا.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ بۈگۈنكى خەۋىرىدە ئېيتىلىشىچە، خىتاي دائىرىلىرى ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا بىنا قىلىنغان، ئۇزاق تارىخقا ئىگە يەكەن كونا شەھىرىنى ئاتالمىش «جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كونا شەھەردە كىشىلەر بارغانسېرى زىچلىشىپ، كوچىلار بارغانسېرى تارلاشتى، ئەخلەتلەر شامالدا ئۇچۇپ يۈرىدىغان كەيپىيات رايونغا ئايلىنىپ قالدى» دېگەن باھانىلەر بىلەن پۈتۈنلەي چېقىپ ئۆزگەرتكەن.

مەلۇم بولۇشىچە، يەكەن كونا شەھەر رايونى 5.16 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بولۇپ، 48 مىڭ 669 ئائىلە، 219 مىڭ ئاھالە بار ئىكەن. خىتاي ئاتالمىش «خەلق رايى قۇرۇلۇشى» دېگەن نام بىلەن 2018 - يىلى 4 - ئايدىن تارتىپ يەكەن كونا شەھەردىكى قويۇق ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا سېلىنغان قۇرۇلۇشلارنى چېقىپ ئۆزگەرتىشكە باشلىغان بولۇپ، بۇ يىل 9-ئايدا چېقىپ ئۆزگەرتىش پىلانى پۈتۈنلەي تاماملانغان. خىتاي ئاخبارات ۋاستىلىرى يېڭى قۇرۇلۇشلاردا ئەسلى ھالىتىنىڭ ساقلاپ قېلىنغانلىقىنى، يېتەرلىك تۆلەم بېرىلگەنلىكىنى، خەلقنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىنغانلىقىنى كۆچەپ تەشۋىق قىلغان.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت رەزىل پىلانى بويىچە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشتىن باشقا، ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا سېلىنغان قۇرۇلۇشلارنى، ئۇيغۇر مەھەللىرىنى تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن يوقىتىشتا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى، يەكەنگە ئوخشاش ناھىيە، شەھەرلەردە قويۇق ئۇيغۇر مەدەنىيەت پۇرىقىغا ئىگە قەدىمىي قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى، شۇڭا خىتاينىڭ مەركىزى پىلانىنى بۇ جايلاردا مەركەزلىك ئىجرا قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



# خىتاي باش ئەلچىسى پارلامېنت بىناسىدىن چەكلەندى

ئەنگلىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك سۈركىلىشتە يەنە داۋالغۇش كۆرۈلگەن بولۇپ، ئەنگلىيە پارلامېنتى خىتاينىڭ ئەنگلىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنىڭ پارلامېنت بىناسىغا كىرىشىنى چەكلىگەن.

ب ب س نىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاينىڭ يېڭىدىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ئەنگلىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جېڭ زېگۇاڭ ئەسلى 15 - سېنتەبىر ئەنگلىيە تۆۋەن پالاتاسىدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان بىر يىغىنغا قاتناشماقچى بولغان. ئەمما كۆپلىگەن پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قارشىلىق بىلدۈرۈشى نەتىجىسىدە، تۆۋەن پالاتا رەئىسى لىندىسى ھويل ۋە يۇقىرى پالاتا رەئىسى جون مىكفول ئايرىم-ئايرىم قارار چىقىرىپ، خىتاي باش ئەلچىسىنىڭ پارلامېنت بىناسىغا كىرىشىنى چەكلىگەن. ئۇلار خىتاي رېجىمى ئەنگلىيەنىڭ بىر تۈركۈم پارلامېنت ئەزالىرىغا قاراتقان جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرمىغۇچە، خىتاي باش ئەلچىسىنىڭ پارلامېنت بىناسىدا قارشى ئېلىنمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئالدىنقى ھەپتە ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزالىرى خىتاي باش ئەلچىسىنىڭ پارلامېنت بىناسىدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان يىغىنغا قاتنىشىش پىلانىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يۇقىرى، تۆۋەن پارلامېنتنىڭ رەئىسلىرىگە مەكتۇپ يېزىپ، خىتاي باش ئەلچىسىگە رۇخسەت بەرمەسلىكنى تەلەپ قىلغان. ئۇلار مەكتۇپىدا خىتاينىڭ بەش پارلامېنت ئەزاسىغا جازا يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيە پارلامېنتى ۋە بارلىق پارلامېنت ئەزالىرىغا جازا يۈرگۈزگەنلىك بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكەن.

خىتاي باش ئەلچىسىنى پارلامېنت بىناسىدىن چەكلەش قارارى چىقىرىلغاندىن كېيىن، بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى تىۋىتتېر ھېساباتلىرىدا بۇ قارارنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن، شۇنداقلا ئەگەر خىتاي رېجىمى جازا يۈرگۈزۈش ۋاستىسى ئارقىلىق پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئېغىزىنى يۇمدۇرماقچى بولسا، چوقۇم بۇنىڭ بەدىلىنى تۆلەيدىغانلىقىنى تەكىتلەشكەن.

خىتاي باش ئەلچىخانىسى بولسا دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ، مەزكۇر قارارنىڭ ئىككىلا تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، شۇنداقلا ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى «پەسكەشلىك، يارىماسلىق» دەپ جار سالغان.

خىتاي بۇ يىل 3 - ئايدا «خىتايغا قارا چاپلىدى، يالغان ئۇچۇر تارقاتتى» دېگەن باھانە بىلەن ئەنگلىيەنىڭ بەش پارلامېنت ئەزاسىغا جازا يۈرگۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، مەزكۇر پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ خىتايغا كىرىشىنىڭ، خىتاي پۇقرالىرى ۋە شىركەت-كارخانىلىرى بىلەن سودا قىلىشىنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ «خىتايدىكى مال-مۈلكى»نىڭ توڭلىتىلغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا خىتاينىڭ بۇ ھەرىكىتى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە چېتىشلىق خىتاي ئەمەلدارلىرىغا جازا يۈرگۈزۈشىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، دەپ قارالغانىدى.



# تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى بوسنىيەدە بىر قىسىم ئورگانلارنى زىيارەت قىلدى

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىدىن بىر ھەيئەت شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ دائىرىسىنى خەلقئاراغا كېڭەيتىش ۋە دەۋا پائالىيەتلىرىگە تېخىمۇ كەڭ زېمىن ھازىرلاش مەقسىتىدە بوسنىيە گېرتسېگوۋنادا زىيارەتتە بولدى.

مەزكۇر ھەيئەت خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان، شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى رەئىسى ئابدۇلۋارىس ئابدۇخالىق، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى باش كاتىپى ئابدۇرېشىت ئەمىندىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، 13 - سېنتەبىر تۈركىيەدىن يولغا چىققاندى ۋە تۈنۈگۈن زىيارەت پائالىيىتىنى رەسمىي باشلىغانىدى.

ھەيئەت 14 - سېنتەبىر چۈشتىن كېيىن بوسنىيە دېموكراتىك ھەرىكەت پارتىيەسىنىڭ باش كاتىپى دوكتور سەداد دېدىچ ۋە پارتىيەنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلەر مەسئۇلى نەدىم بارۇجىچنى پارتىيە مەركىزىدە زىيارەت قىلدى.

ھەيئەت زىيارەت داۋامىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان باستۇرۇش، ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش جىنايەتلىرىنى تونۇشتۇردى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئارزۇ-تەلەپلىرى بىلدۈرۈلگەن مەكتۇپنى پارتىيە رەئىسى باكىر ئىززەت بىگوۋىچكە يەتكۈزۈشنى دوكتور سەداد دېدىچكە ھاۋالە قىلدى.

”

مەلۇم بولۇشىچە، بوسنىيە-گېرتسېگوۋىنا دىنىي ئىشلار نازارىتى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئورگان بولۇپ، تەشكىلات ئىلگىرى خىتاي ئەلچىسىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېغىر دەپسەندىچىلىك قىلمىشىنى تەنقىد قىلغان.

بوسنىيە ئالدىنقى قېتىم ب د ت دا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكلىرىگە قارشى ئاۋاز بەرگەن 39 دۆلەتنىڭ بىرى. بوسنىيە گېرتسېگوۋىنا خەلقى ئالدىنقى ئەسىردە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئوخشاش ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، ئەلى ئىززەت بىگوۋىچنىڭ رەھبەرلىكىدە زور كۈرەش ۋە پىداكارلىقلاردىن كېيىن مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەن. بوسنىيە 1992 - يىلى سابىق يۇگوسلاۋىيە سوتسىيالىستىك فېدېراتسىيەسىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلغان.



# شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي تىل-يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيەتلىرى كۆپەيتىلمەكتە

خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتايلاشتۇرۇش پىلانىنى داۋاملىق كۈچەپ ئىجرا قىلىۋاتقان بولۇپ، يېقىندا يەنە ئاتالمىش «ئورتاق تىلنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتى»نى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەكتەپلەردە ئارقا-ئارقىدىن يولغا قويغان.

خىتاينىڭ تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى مائارىپ سىستېمىسى ئاتالمىش «24-نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە خىتاي ئورتاق تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتى»نىڭ بىر تۈتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ «ئۈچ خىل يېزىش قورالىدا خەت يېزىش، خىتاي ئورتاق تىلىدا سۆزلەش» مۇسابىقىسى، «كىچىكلەر چوڭلارنى يېتەكلەپ» بىرلىكتە خىتاي ئورتاق تىلىدا سۆزلەش، خىتاي ئورتاق تىلى تەقلىدىي سىنىقى ۋە ئاۋازلىق يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل تور ۋە تور سىرتىدىكى پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، تەشۋىقاتنى كۈچەيتىشكە بۇيرۇلغان. بۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ «خىتاي ئورتاق تىل-يېزىقى قانۇنى»نى ئۆگىنىشى، تىل-يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇش تەربىيەسىنى كۈچەيتىشى، لېكسىيە، مۇنازىرە، دراما، ئېتۇت قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى خىتاي ئورتاق تىلىنى ئىشلىتىشكە تەشۋىق قىلىشى كېرەكلىكى بىلدۈرۈلگەن.

خەۋەردە مەزكۇر پائالىيەتنىڭ مىسالى سۈپىتىدە، 13-سېنتەبىر ئۈرۈمچى شەھەرلىك 36-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار خىتايچە شېئىر-نەزمە، ناخشا ئوقۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزگەنلىكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ مەكتەپنىڭ شىچۇ تىياترى، خەتتاتلىق، خىتاي كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىش قاتارلىق خىتاي مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار پائالىيەتلەرنى كۆپلەپ يولغا قويغانلىقى قەيت قىلىنغان.

”

ئۇندىن باشقا خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتىمۇ پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارغا ئاتالمىش «خىتاي تىلىدا سۆزلەش، قېلىپلاشتۇرۇلغان خەت يېزىش» تەشەببۇسنامىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتۇش خىزمىتى، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتا خىتاي تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇرلىغان.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىغا ۋە ئەركىنلىكىگە كاپالەت قىلغانلىقىنى دەۋا قىلىپ، ئاتالمىش «ئاق تاشلىق كىتاب»لارنى تارقىتىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇنۇش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىشنى چەكلەپ، خىتاي تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇرلىغانلىقىنى، ھەتتا مەكتەپ ئىچىدە ئۇيغۇرچە سۆزلىگەن ئوقۇغۇچىلارنى جازالىغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




# خىتاي بۇ يىلمۇ ئۇيغۇرلارنى خىتايلارنىڭ بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلىدى

خىتاي دائىرىلىرى بۇ يىلمۇ ئوخشاشلا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئاتالمىش «قوشماق تۇغقان» قىلىنغان خىتايلار بىلەن بىرگە خىتاينىڭ تاۋۇز چاغىنىنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلىغان.

> خىتاي يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى ئاتالمىش «ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش»، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنى پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشتەك رەزىل پىلانلىرىغا ئاساسەن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى، مىللىي بايراملىرىنى ھەرخىل باھانىلەر بىلەن چەكلەش بىلەن بىرگە، خىتاينىڭ مىللىي بايراملىرىنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلاپ كەلمەكتە.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە خىتايلارنىڭ تاۋۇز چاغىنى يېتىپ كېلىشى بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى مەھەللىلەرنىڭ «بىرلىكتە خۇشال-خۇرام بايرام ئۆتكۈزگەنلىكى» جار سېلىنغان.

خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، 17 - سېنتەبىر خوتەن شەھىرىنىڭ جىيا يېزىسى شاخ مەھەللە كەنتى ئاھالە كومىتېتىغا ئەۋەتىلگەن ئاتالمىش «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» گۇرۇپپىسىدىكى خىتاي ئەمەلدارلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، شۇ كەنتتە ئولتۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلار تاۋۇز چاغىنى ئۈچۈن ئاي توقاچ تەييارلاشقا مەجبۇرلانغان. 19 - سېنتەبىر كۆكتوقاي ناھىيەسىدە تۇرۇۋاتقان ئاتالمىش «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىمۇ ئوخشاشلا كەنتتىكى قازاق خەلقىنى خىتاينىڭ تاۋۇز چاغىنىنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلىغان.

خەۋەردە يەنە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئوخشىمىغان ناھىيەلىرىدە خىتايلارنىڭ تاۋۇز چاغىنىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تۈرلۈك پائالىيەتلەرنىڭ ئۆتكۈزۈلگەنلىكى قەيت قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئاتالمىش «قوشماق تۇغقان» قىلىنغان خىتايلار بىلەن بىرگە خىتايلارنىڭ ئاي توقچىنى بىرگە تەييارلاپ يېيىشكە مەجبۇر بولغان.

بۇلاردىن سىرت، 21 - سېنتەبىر ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقالغان سىنلاردا ئۈرۈمچىدىكى خەلقئارا چوڭ بازاردا خىتايلارنىڭ تاۋۇز چاغىنىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئۇيغۇر، قازاق مىللىتىدىن بولغان قىز-ئاياللارنى ئۇسسۇل ئويناتقۇزۇۋاتقانلىقىدەك كۆرۈنۈشلەر تارقالغان.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ نەچچە مىليون ئەرنى ھەرخىل تۆھمەتلەر بىلەن تۈرمە ۋە جاز لاگېرلىرىغا سولاپ ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، جەمئىيەتتە قالغان ئاز ساندىكى خەلقنى خىتاينىڭ مىللىي بايراملىرىنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلاۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەزەلدىن خىتاينىڭ بايراملىرىنى ئۆتكۈزمەيدىغانلىقىنى، خىتاي بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى ئاستا-ئاستا يوقىتىشقا ئۇرۇنسا، يەنە بىر تەرەپتىن روھىي جەھەتتىن دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




تۈركىيە پرېزىدېنتى رەجەپ تايىيپ ئەردوغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 76 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تىلغا ئالدى.

21 - سېنتەبىر ب د ت ئومۇمىي كېڭەش يىغىنىدا تۈركىيە پرېزىدېنتى ئەردوغان نۆۋەتتە داۋاملىشىۋاتقان دۇنيا تەرتىپى، كىشىلىك ھوقۇق، ئافغانىستان، كەشمىر قاتارلىق مەسىلىلەردە توختالغاندىن سىرت، ئۇيغۇرلارنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتتى.

> ئۇ سۆزىدە: «خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى چىقىش قىلغان ئاساستا، مۇسۇلمان ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ تۈپ ھوقۇقلىرىنىڭ قوغدىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ كۈچ چىقىرىلىشى كېرەك، دەپ قارايمىز» دېدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي كېڭەش يىغىنىدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېنمۇ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش سىياسىتى ھەققىدە توختالغان بولۇپ، ئۇ: «مەيلى شىنجاڭ، مەيلى شىمالىي ئېفىيوپىيەدە ياكى دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىرقىي، ئېتنىك ۋە دىنىي ئاز سانلىقلارنى نىشانلاش ۋە زۇلۇم قىلىشقا قارشى چاقىرىق قىلىشىمىز ۋە ئەيىبلىشىمىز كېرەك» دېدى.



مەزكۇر يىغىندا شى جىنپىڭمۇ سۆز قىلغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە ھېچقانداق

# خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتى ۋە زۇلۇمىغا 72 يىل بولدى



## مەنبەلەر

https://istiqlalhaber.com/page/news/4216
https://istiqlalhaber.com/page/news/4214
https://istiqlalhaber.com/page/news/4335
https://istiqlalhaber.com/page/news/4220
http://istiqlalhaber.com/page/news/4242
http://istiqlalhaber.com/page/news/4250
https://istiqlalhaber.com/page/news/4251
http://istiqlalhaber.com/page/news/4277
http://istiqlalhaber.com/page/news/4283

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بوياmچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


باش مۇھەررىر ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

تەھرىر يۈسۈپجان قۇرۇم

لايىھەلىگۈچى ئۆركەش

بەتچىك ئىرشات سەرھان

ھەجۋىي رەسىم ئىرشات سەرھان

نەشر قىلغۇچى ئورۇن شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

نەشر تۈرى ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى



ئادرېس Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2
Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

info@turkistanmedia.com
www.istiqlalhaber.com
www.istiqlalmedia.com
+90 212 540 31 15
+90 553 895 19 33
+90 541 797 77 00